# چوكان ئوچۇق گەپ بىلەن ماقۇلغا كەلمىگۈچە نىكاھى قىلىنمايدۇ. قىز رۇخسەت بەرمىگۈچە نىكاھى قىلىنمايدۇ. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! قىزنىڭ رۇخستى قانداق بولىدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ سۈكۈتتا تۇرغىنى ماقۇل دېگىنىدۇر، دېدى

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە، رەسۇلۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: چوكان ئوچۇق گەپ بىلەن ماقۇلغا كەلمىگۈچە نىكاھى قىلىنمايدۇ. قىز رۇخسەت بەرمىگۈچە نىكاھى قىلىنمايدۇ. ساھابىلار: ئى رەسۇلۇللاھ! قىزنىڭ رۇخستى قانداق بولىدۇ؟ دېۋىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ئۇنىڭ سۈكۈتتا تۇرغىنى ماقۇل دېگىنىدۇر، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

نىكاھ ئەھدىسى ئەڭ خەتەرلىك ئەھدىدۇر، ئۇنىڭ بىلەن ئەر كىشى، ئايال كىشى ئەڭ قاتتىق ھىمايە قىلىۋاتقان نەرسىنى ئۆزىگە ھالال قىلىدۇ. ئۇ بولسىمۇ، ئايالنىڭ ئەۋرتى. بۇ ئەھدى بىلەن ئايال ئەرنىڭ ئىلكىگە باغلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئادىل، ناھايتى رەھىمدىل ۋە ئەڭ ھېكمەتلىك پەيغەمبىرىمىز ئۇ ئايالغا ئۆزىنىڭ ھاياتلىق جۈپتىنى تاللاش ھوقۇقىنى، ئۇنىڭغا ئۆزى ئويلىنىپ تاللاش ئىختىيارلىقىنى بەردى. چۈنكى ئۇ ئەر بىلەن ئۆي تۇتىدىغان كىشى ئۇ ئايال بولغاچقا، بۇ ئايال ئۆزىنىڭ رىغبىتىنى ۋە قىزىقىشلىرىنى ئۆزى بىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام چوكاننىڭ ئوچۇق بۇيرۇقىنى ئالمىغۇچە نىكاھلاپ قويۇشتىن چەكلىدى. شۇنىڭدەك، قىزنىمۇ بۇ ئىشتا رۇخسىتىنى ئالماستىن نىكاھلاپ قويۇشتىن چەكلىدى. چۈنكى قىزلارنىڭ كۆپىنچىسىدە ھايا قىلىش غالىپ كېلىپ، ئوچۇق دېيەلمەيدىغانلىقى سەۋەبىدىن، بۇيرۇشتىن يەڭگىلراق بولغان سۈكۈت بىلەن كۇپايىلەندى، چۈنكى قىزنىڭ سۈكۈت قىلىشى ئۇنىڭ رازىلىقىنى بىلدۈرىدۇ

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/6088

النجاة الخيرية
ALNAJAT CHARITY
لجنة الدعوة الإلكترونية
EDC E-Da'wah Committee